# سېتىۋالدى باي ۋە ياردەم شىركىتى

## قۇربان ھېلىم

تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى توربېتىدىniyazdixan ئەپەندى

سېتىۋالدى باي ئاتۇشتىن ئەنجانغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋەتەن سۆيەر تەرەققىپەرۋەر ، تىجارەتكە ماھىر ئېزىز ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە 1882 ــ يىلى دۇنياغا كەلگەن .

ئېزىز ئاخۇن ئۆز پەرزەنتىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە ئۇنى كىچىكىدىنلا مەكتەپ تەربىيىسىگە بەرگەن ھەم ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە شارائىت يارىتىپ بەرگەندى . سېتىۋالدى باي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىرىلىپ بىلىم ئىگىلىگەن ، چوڭ بولغانسېرى ئەقلى ئۇلغىيىپ دادىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ياخشى قولقانات بولغان .

ئانا يۇرتنى ئۇلۇغلاشنى بىلىدىغان ئېزىز ئاخۇن ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدا بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتقان جاسارىتىنى ئالدىن بايقىغان ۋە كۆڭلىدىكى بىردىن ــ بىر ئارمىنى بولغان ئانا يۇرتى شىنجاڭغا بېرىپ ، شىنجاڭ خەلقى رازى بولغۇدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى ئوغلىغا ھاۋالە قىلغان .

ئېزىز ئاخۇن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن . شۇندىن باشلاپ ئائىلىنىڭ پۈتۈن يۈكى سېتىۋالدىنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ ، ئوقۇشتىن توختاپ دادىسىنىڭ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرغان . 1916 ــ يىلى سېتىۋالدى باي جوڭگو پۇقراسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلدى ۋە غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلاشتى ، دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ بىر مەزگىل ئۆز ئالدىغا تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى . بىر ئاز پۇلمۇ تاپتى . بۇ جەرياندا ئۇ ئېلىنىڭ ئەھۋالى بىلەن پۇختا تونۇشتى ، دادىسىنىڭ تىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى . ئاخىرى ئۇ يالغۇز كۈچ بىلەن كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ قىيىنلىقىنى تونۇپ يېتىپ ، ئەتراپىغا كۆپرەك ئادەملەرنى جەلپ قىلىپ بىر شىركەت قۇرۇش ، شىركەت ئارقىلىق پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىگە كەلدى . شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ . تەييارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن دادىسىنىڭ يۇرتداشلىرىدىن مۇھەممەت سىدىق ، باقى ھاجىم ، ئېلاجىم ، ماخمۇت قارىم ، ھېلىم ھاجىم ، ئانىسىنىڭ يۇرتداشلىرىدىن مىرزا ھېكىمباي ، مەھەممەتجان قاتارلىقلارنى چاقىرىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالىدۇ . ئۇلار سېتىۋالدى باينىڭ شىركەت قۇرۇش تەكلىپىگە بىردەك قوشۇلىدۇ ۋە ھەممەيلەن شىركەتكە مەبلەغ قوشۇش ، مەبلەغنى زىيانغا ئۇچراتماي ئالغان پايدىنىڭ 50% نى قوشقان مەبلەغقە قاراپ تەقسىم قىلىش ، قالغان 50% نى مەدەنىي مائارىپ ، پاراۋانلىق ،

قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كېلىدۇ . تەييارلىق ئىشلىرىغا سىتىۋالدى باي مەسئۇل بولىدىغان بولىدۇ .

1928- يىلىنىڭ ئاخىرى ، 1929 – يىلىنىڭ باشلىرى سىتىۋالدى باي ، باقى ھاجىم ، ئىلاجىم ، توختى قارىم ( ئۆزبېك )، مىرزا ھېكىمباي ( ئۆزبېك ) ، مەھەممەتجان ( ئۆزبېك ) قاتارلىق ئالتە كىشى بىرلىشىپ رەسمى شىركەت قۇرىدۇ ۋە دەسلەپ شىركەت نامىنى « پەرغانە شىركىتى » دەپ ئاتايدۇ .

1935 – يىلى ئۇلار شىركەت نامىنى « ياردەم شىركىتى » گە ئۆزگەرتىپ مۇشۇ نام بىلەن ئىش يۈرگۈزىدۇ . ئۇلارنىڭ مۇنداق ئاتاشتىكى مەقسىتى ، تاپقان پايدىنىڭ 50% نى مەدەنىي – مائارىپ ، پاراۋانلىق ، قاتناش ۋە باشقا ئىشلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىدى . شىركەتنىڭ مۇدىرلىقىنى سىتىۋالدى باي ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، شىركەت ئەسلىدىكى پىلان بويىچە مۇنداق ئون نەچچە ئىشنى ئىشلەيدۇ .

1 . ئۆزبېك « نەمۇنە » مەكتىپىنى ياسىغان . تۈركى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاۋال مەسچىت سالىدىغان ، ئاندىن مەسچىتكە يانداپ مەكتەپ سالىدىغان ئادەت بار . ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا شەھرىدىكى ئۆزبېك مەسچىت يېنىغىمۇ خېلى بۇرۇنلا مەكتەپ ئېچىلغان بولۇپ ، تۆت سىنىپ بالا ئوقۇيتتى . ئەمما مەكتەپ بىناسى تولىمۇ كونىراپ كەتكەنلىكتىن ، يېڭىلاپ سالمىسا بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى .

1932 – يىلى سىتىۋالدى باي ۋە ياردەم شىركىتى كەڭ ئۆزبېك جامائەتچىلىكىنىڭ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە ئۆزبېك مەكتەپىنى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ ياساشنى بەلگىلىدى . شىركەت بۇ ئىشنى تۇتۇپ ئىشلەشكە ياردەم شىركىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان مىرزا ھېكىمباي ( ئۆزبېك ) نى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىدۇ . قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ياردەم شىركىتى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولىدۇ . مىرزا ھېكىمباي ياردەم شىركىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۆزبېك جامائەتچىلىكى ئىچىدە ئابرويلۇق كىشى ئىدى . ئۆزبېكلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقىلى دەپ تونۇيتتى . ئۇ مەرىپەتپەرۋەر ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ، تەرەققىياتنى قوبۇل قىلىشتا ماھىر كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاممىنى يېتەكلەش ، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك ئىدى . شۇڭا ئۇنى ئۆزبېك جامائەتچىلىكى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى .

مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا 1932 – يىلى ئۇل سېلىندى . ياردەم شىركىتىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ياردىمى ، كەڭ ئۆزبېك جامائەتچىلىكىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە 10 سىنىپ ، 2 ئىشخانىسى بار ، ئىككى قەۋەتلىك مەكتەپ بىناسى 1933 – يىلى يېڭىدىن قەد

كۆتۈردى .

مەكتەپ پۈتۈپ ئوقۇش باشلاش بىلەن تەڭ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇپ ، ئىلىنىڭ ئوقۇش – ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا جانلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى . نەتىجىدە بۇ مەكتەپتىمۇ ئىلگىرىكىدەك دىنىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىنغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ ، پەننىي دەرسلەر ئاساس قىلىندىغان ، دىنىي دەرسلەر قوشۇمچە ئۆتۈلىدىغان بولدى . بۇ مەكتەپتە تىل ( ئۆزبېك تىلى ) ماتېماتىكا ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، شېئىر ، تەنتەربىيە ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، ھۆسنخەت قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، قوشۇمچە ھەپتىدە ئىككى سائەت دىنىي دەرس ئۆتۈلەتتى . ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى دەم ئالاتتى . بۇ مەكتەپتە دەسلەپ تۆت يىللىق باشلانغۇچ سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولسا ، كېيىن يەتتە يىللىق تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلغاندى . كېيىنچە يەنە تەكشۈرۈش ۋە ئىسلاھ قىلىنىش ئارقىلىق ، باشلانغۇچ سىنىپلىرى ئالتە يىللىققا ، تولۇقسىز سىنىپلار توققۇز يىللىققا ئۆزگەرتىلگەن . مەكتەپ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېك بولغاچقا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېك بالىلىرى ئىدى . دەرسلىكلەرمۇ ئۆزبېكچە ئۆتۈلەتتى . بۇ مەكتەپتە ئۆزبېك بالىلىرىدىن باشقا يەنە ، ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، تاجىك ، خۇيزۇ ، رۇس ، تاتار بالىلىرىمۇ بىلىم ئالاتتى . ئوقۇغۇچىلار سانى 300 دىن ئاشاتتى . مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ناھايىتى خىل ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇتۇش ساپاسى غۇلجا شەھىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى . مەكتەپنىڭ ئوقۇش – ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشقا مەكتەپلەرگە نەمۇنە بولغۇدەك دەرىجىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ، مەكتەپ نامى « ئۆزبېك نەمۇنە مەكتىپى » دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى . ئۆزبېك مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپ ، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشنى يولغا قويغاندى . بۇ مەكتەپتە 1933ـ يىلدىن 1952 – يىلغا قەدەر ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ ، زەينەپ ياقۇپ ، نىغمەتۇللا ، فاتىخ يۇنۇس ، ئەنۋەر خانبابا ، سۈننەتۇللا ، رامزىيە جىلقىباي ، سادىق ئارۇپ قاتارلىقلار مەكتەپ مۇدىرى بولغان . كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەسئۇت ئىسمايىل ، ئەھمەت ئىمىن ، ئاۋۇت سابىت ، ماخمۇت قادىرى ، ئىبراھىم ئەلى ، نۇرەخمەت ، قېيۇم قاسىم ، ئابلەت مۇخىپۇل ، ئىمىنجان ، قاسىمجان ، ئابدۇقادىر ، قۇربانجانلار مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى . مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يىلدىن – يىلغا سەرخىللىشىپ بارغان بولۇپ ، ئىلگىرى ئاخىرى خەمىت سۇلتان ، خەمىت ۋەكىلى ، جەملە ، نەسرۇللا قارى پەرھاتى ، پاتىمە ، پەرىخەتتە ، رامزىيە ، ئىمىنجان ، غىلاجىدىن ، ئەبەيدۇللا ، ئابدۇراخمان ئابباس ، ئامان ئەپەندى ، ئابدۇراخمان ھاجى ، تۇرسۇن باست ، تۇرسۇنئاي


ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

( سەنئەتچى ) ، تۇرغۇنقارى ، تۇرسۇن ئىسكەندەر ، تۇرسۇنتاي قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپنىڭ ئوقۇش – ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلىپ سەمەرىلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى . شۇنى سۆيۈنۈش ئىچىدە تىلغا ئېلىش مۇمكىنكى ، بۇ مەكتەپتىن ئابدۇراخمان ۋەكىلى ، مەمتىمىن ھوشۇر ، ئابدۇساتتار ناسىرى ، ئابدۇكېرىم مەخسۇت ، تەلئەت ناسىرى ، تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن قاتارلىق غوللۇق زىيالىيلار ۋە ئىقتىدارلىق ئەدىپلەر يېتىشىپ چىقىپ ، جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى . مەكتەپ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىك ئۆزگىرىشى ، كېيىنچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت نىسبىتىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى . 1958 – يىلىدىن كېيىن ، بۇ مەكتەپ پەيدىنپەي ئۇيغۇر باللىرىنى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىدىغان 5 – ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالدى . كېيىنچە بۇ مەكتەپ ئەسلىدىكى كىچىك دائىرىدىن كېڭىيىپ ، يەر مەيدانى 22 موغا ، 33 سىنىپ ، 32 بۆلۈمدىن تەشكىل تاپقان ئىشخانا ، تەجرىبىخانا ، پائالىيەت ئۆيلىرى يۈرۈشلەشكەن ئومۇمىي كۆلىمى 5000 كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان ، ئوقۇتقۇچى سانى 100 دىن ، ئوقۇغۇچى سانى 1000 دىن ئاشقان ، تۆت قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىغا ئىگە مۇنتىزىم ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئايلاندى .

2 . قورغاس يېزىسىنىڭ كۆرە يېزىسىغا « نۇرىيە مەكتەپ » نى سېلىپ بەرگەن . بۇرۇن كۆرەدە مۇنتىزىم پەننىي مەكتەپ بولمىغانلىقتىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇر باللار كىچىك دائىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى . بالىلارنىڭ پەن – مەدەنىيەت تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ، ئۇلارنىڭ يېڭىچە ئىلىم – پەن بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىنىشىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن پەننىي مەكتەپ ئېچىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى .

1934 – يىلى ياردەم شىركىتى سېتىۋالدى باينىڭ تەشەببۇسى بىلەن يۈقىرىقىدەك زۆرۈرىيەتنى ئويلىشىپ ، كۆرە يېزىسىغا بىر پەننىي مەكتەپ ۋە باللارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ كېلىشىگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن يەنە بىر كۆۋرۈك سېلىش پىلانىنى تۈزدى بۇ ئىشقا يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن بىر ھەيئەت تەشكىل قىلدى ، كونكرېتنى ئىشلارغا شۇلار مەسئۇل بولىدىغان بولدى . بۇ ھەيئەت كۆرەدىكى ئابرويلۇق كىشىلەردىن ئابدۇللا شەيخزامان ، خۇدابەردى باي ، مۇھەممەت لوزۇڭ ، بەكرى غازى ، مامۇت شۇڭگوەن قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل قىلىندى . مەكتەپ ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا 1934 – يىلى رەسمىي ئىش باشلانغان . ياردەم شىركىتى ۋە كۆرە مۆتىۋەرلىرى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى تېز پۈتتۈرش ، كۆۋرۈكنى پۇختا سېلىش ئۈچۈن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ 60 نەچچە ھارۋا كارۋىنىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ قۇرۇلۇشنىڭ ھۇلىغا قويىدىغان


ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

تاشلارنى ئەكەلدۈردى . ھەيئەتلەر تاغدىن تاش توشۇپ كېلىش ۋە باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا خىزمەت ۋەزىپىسى تەقسىملەپ قۇرۇلۇشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى مەكتەپ ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇستەھكەم ، سۈپەتلىك ، ئۆز ۋاقتىدا تاماملىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ، ھەيدەكچىلىك ، يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلدۇردى . 1934 – يىلى 4 – ئايغا كەلگەندە ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلىشىدا تەڭلا ئىش باشلاپ ، 1935 – يىلى ئالتىنچى ئايدا مەكتەپ بىلەن كۆۋرۈكنى بىرلا ۋاقىتتا پۈتتۈردى . مەكتەپ بىناسى يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان بولۇپ ، شەرقتىن غەرپكە سوزۇلغان ، ئوتتۇرىسى زال ئىدى . زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاستى ئۈستى تاختايلىق ( كاردورلۇق ) 3 تىن 6 سىنىپ جايلاشقانىدى . چوڭ زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە رۇس پاسوندىكى تۆت چوڭ تام مەش ئورنىتىلغان بولۇپ مەشنىڭ ئوتخانىسى ۋە كۈلخانىسى زال ئىچىگە قارىتىپ ياسالغانىدى . ئوت قالانسا زالنىڭ ھەممە يېرى تەڭ ئىسسىيتتى .

مەكتەپ بىناسى پۈتكەندىن كېيىن ، كۆرە بالىلىرىنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغان بولسىمۇ ، يىراق مەھەللىلەرگە جايلاشقان ئائىلىلەر بالىلىرىنىڭ قاتناپ ئوقۇشى يەنە بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدۇ . بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ، ياردەم شىركىتى كۆرەگە قاراشلىق يىگى مەھەللىگە ئىككى سىنىپلىق شۆبە مەكتەپ ياساپ بېرىشنى قارار قىلدۇ ۋە ياساپ بېرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، يىراقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسى ھەل بولىدۇ .

ياردەم شىركىتى ۋە كۆرە مۆتىۋەرلىرى مەكتەپ پۈتۈپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە بۇ مەكتەپنىڭ بىلىمگە تەشنا ئەۋلادلار قەلبىنى ئىلىم – ئېرپان نۇرى بىلەن داۋاملىق نۇرلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ، بۇ مەكتەپكە قايتا – قايتا مەسلىھەتلىشىپ ، « نۇرىيە مەكتەپ » دەپ نام بېرىشنى بېكىتتى . مەكتەپتە پەننىي دەرسلەر ئاساس ، دىنىي دەرسلەر قوشۇمچە قىلىپ ئۆتۈلىدىغان بولدى . ئۆتىلىدىغان دەرسلەر تىل ، ھېساب ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، رەسىم ، شېئىر ، تەنتەربىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى . ھەپتىدە ئىككى سائەت دىنىي دەرس ئۆتىلىدىغان بولدى . ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلار نەمۇنە مەكتەپكە ئوخشاشلا جۇمە كۈنى دەم ئالىدىغان بولدى .

بۇ مەكتەپكە دەسلەپ توختاخۇن ، كېيىن يۈسۈپجان ئەپەندىلەر مۇدىر بولدى . كېيىنچە يەنە ئابدۇكېرىم ھاجىيوف ، ھاجى ئەمەتچوڭلار مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى . ئوقۇتقۇچىلاردىن رەپىق ئەپەندى ، ساھىپجامال خانىم ، ياسىن ئىمىن ، ئابدۇكېرىم توختى ، سىدىق ئەپەندى ،



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئابدۇكېرىم هاجىيوف ، مەھەممەت ئىمىن ئۆمەرۇۋ ، قۇرۋان خانىم ، ئابدۇرېهىم ئەپەندى ، توختى ئىبراهىم قاتارلىق ئۇستازلار بۇ مەكتەپتە ئىلگىرى ئاخىرى بىلىم بېرىپ ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . بۇ مەكتەپتىن يېتىشكەنلەر ئىچىدە تاھىرغا ئوخشاش ئۇيغۇر بالىلىرى ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ « يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇچقۇچى » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن كىشىلەرمۇ ، كېيىنچە ئاپتونوم رايوندا خىزمەت قىلغان مۇھەممەت ئەخمەدى ، ئوبۇل قاسىم قاتارلىق كىشىلەرمۇ ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۆھپە قوشۇپ كەلگەن ياسىن ھەسەن ، ئابدۇكېرىم كەرىموف ، ئابدۇراخمان قاسىم ، مۇھەممەت قاسىم ، ساۋۇت قاسىم قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار . ھازىر بۇ مەكتەپ 23 سىنىپ ، 60 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى ، 700 دىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىسى ، 25 مو يېرى 1600 كۋادرات مېترلىق كۆلەمگە ئىگە ئىككى قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى 350 كۋادرات مېترلىق بىر قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى بار بولغان مۇنتىزىم ئۇيغۇر مەكتىپىگە ئايلاندى .

3 . « ياردەم مەكتىپى » - « ياردەم شىركىتى » 1936 – يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قارادۆڭ تەرەپكە ( ھازىرقى 22 – باشلانغۇچ ۋە 14 – ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنى ) ئالدىنى جەنۇب تەرەپتىكى چوڭ يولغا قارىتىپ ، ئوتتۇرىسى زال ، ئىككى تەرىپىدە ئۈچتىن ئالتە سىنىپلىق ، ئاستى – ئۈستى تاختايلىق ، ئالدى كارىدورلۇق مەكتەپ بىناسى ، بۇ بىنانىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە ئاستى ئىككى ئېغىزلىق ، ئۈستى ئىككى ئېغىزلىق ئىشخانە بىناسى سالدى . مەكتەپ ئىشىكى كارىدورنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، روسچە ئۈچ خىل يېزىقتا پاشا غوجام قەلىمى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان « ئىلى ۋىلايەتلىك 3 – ياردەم مەكتىپى » دېگەن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ۋېۋىسكا ئېسىلغاندى .

شۇ يىلى 8 – ئايلاردا مەكتەپنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . مۇراسىمدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دوتيىي ( ۋالىيسى ) تۇداخۇنباي ، ھەربىيلەرنىڭ باشلىقى چيۇ سىلىك قاتارلىقلار بۆرە ئېتى قوشۇلغان كالاسكىدا ئالدى – ئارقىسىغا 40 ئەسكەرنى مۇھاپىزەت قىلدۇرۇپ يېتىپ كېلىپ لېنتا كەستى . بۇ چاغدا ھەربىيلەرنىڭ دوخۇۋي مۇزىكىسىنىڭ كۈيى پۈتۈن ئەتراپتا داغدۇغا پەيدا قىلىپ ، بۇ مەكتەپتە رەسمىي ئوقۇش باشلانغانلىقنى كىشىلەرگە نامايەن قىلدى .

بۇنىڭدىن ئىلگىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ھەرەمباغدىن ، جەنۇبىدىكى تاشكۆۋرۈككىچە بولغان ئارىلىقنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۇيغۇر بالىلار ئوقۇغۇدەك بىرەر مەكتەپ بولمىغان . قەشقەر مەسچىتى ، توپچى مەھەللە مەسچىتى يېنىدا گەرچە كىچىك تىپتىكى مەكتەپلەر بولسىمۇ ئۇلاردا پەقەت دىنىي دەرسلەرلا ئوقۇلاتتى .



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

« ياردەم مەكتىپى » پەننىي – يەنى تىل ، ھېساب ، خەنزۇ تىلى ، سىياسەت ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، بوتانىكا ، رەسىم ، شېئىر ، تەنتەربىيە ، قول – ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوقۇش باشلىدى . دىنىي دەرس ھەپتىسىگە بىر ئىككى سائەت ئۆتۈلەتتى . جۈمە كۈنى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار دەم ئالاتتى .

كۈندۈزى سىنىپلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولسا ، كەچلىكى ساۋات چىقىرىدىغان كىشىلەر بىلەن لىق تولاتتى . ئۈندىن باشقا مەكتەپتە ساز ئۆگىنىش ، رەسىم سىزىش ، ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىلىرىمۇ قۇرۇلغان بولۇپ ، مەدەنىي مەشغۇلاتلار دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى .

يېڭى مەكتەپنىڭ يېڭىلىقلىرى تېخىمۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . بۇ مەكتەپتە غۇلجا شەھرىنىڭ توپادەڭ ، تەختىيون ، تېرەك مازار ، قازانچى مەھەللىلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغاندىن باشقا ، چاپچالنىڭ قايىنۇق ، كان يېزىلىرىدىن ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارا ئۆستەڭ ، يېڭىتام ، بايتوقاي ، بۆلۈكەي ، چۆلۈقاي ، مازار ، سۇپىتاي قاتارلىق يېزىلىرىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ نۇرغۇن ئىدى . 40 – 50 تەك بالا مەكتەپتە يېتىپ قوپۇپ ئوقۇيتتى . « ياردەم شىركىتى » ئۇلارغا ياتاق ، تاماق ، ئىسسىقلىق ھەتتا كەمبەغەللەرگە كىيىم كېچەكلەرگىچە ياردەم قىلاتتى . يەنە ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ كىيىم – كېچەك ۋە باشقا قوراللىرىنى ھازىرلاپ بەرگەنىدى . مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارلا خىللىنىپ قالماستىن ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرىگىچە خىللاندى . 1936 – يىلى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى مۇنىرە خانىم ( تاتار ) ، 1937 – يىلى داموللا رازىيوۋ ، 1939 – يىلى ۋە 1940 – يىللىرى تۇرسۇن تاھىر ئۇستىگە ئالدى ، كېيىنكى يىللاردا روزاخۇن ئاكا ، ھېزىم گۆھەرباقى قاتارلىقلار مەكتەپ مۇدىرى بولدى . ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەنۋەر ناسىرى ، ئابدۇرېھىم يۈسۈپ ، ھەسەن قارىم ، شاكۈرە ، سارەتتە ، مارزىيە ، مەنسۇر ئەپەندى ، كېيىنكى يىللاردا بولسا ساۋدانوپ زاھىر ، ئەنۋەربېك ، راشىدىن ، راھىلەم ، خېلىچەم قاتارلىقلار ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشتى .

شىركەت مەكتەپنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 40 نەچچە ئىستولبا ئورنىتىپ ، تېلېفون سىمى لىنىيىسىنى مەكتەپكە تۇتاشتۇردى ۋە تېلېفون ئورنىتىپ بەردى . ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ تېلېفونىنىڭ نومۇرى 38 ئىدى . بۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى راۋانلىشىپ ، ئوقۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى .

بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلار ئىچىدە جەئىيەتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپ ، ئانا مەكتىپىگە شان – شەرەپ كەلتۈرگەنلەر ئاز ئەمەس . شۇلار جۈملىسىدىن

ياردەم مەكتىپىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى كەنجىيوف ئىسمايىلنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . ئۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ماھىر ئۇچقۇچى بولۇپ ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا كەنجىيوف ئىسمايىل ئۆزىنىڭ باتۇر ئۇچقۇچىلارغا خاس پەم - پاراستى ۋە جاسارىتىنى ياخشى جارى قىلدۇرغانىدى . ئۇ ئۇرۇش مەزگىلىدە بىر قېتىم جوڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئامېرىكىنىڭ ۋە چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانلىرىنى ، گېنېراللىرىنى بەلگىلەنگەن نىشانغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى تاپشۇرىۋالدۇ . ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئايروپىلاندىن كاشىلا چىقىپ ، خەۋپ خەتەرگە يولۇقدۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟ پاراشوتتىن سەكرەپ ئۆزىنى قۇتقۇزغان ياخشىمۇ ؟ ياكى باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈرمۇ ؟ ئۇ ئاخىرى خەۋپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ، كېيىنكى يولنى تاللايدۇ . پۈتۈن ئەقىل - پاراستىنى ، ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ ، پەستە ئايدۇرۇم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئايروپىلاننى ئۇستىلىق بىلەن باشقۇرۇپ ، مەلۇم دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملۇققا ئامان ئېسەن قوندۇرىۋالدۇ . گەرچە ئۇنىڭ ئىككى پۇتى زەخىملەنگەن بولسىمۇ قالغان مۇھىم ئەرباپلار ساق سالامەت قالدۇ . ئۇنىڭ بۇ خىل قەھرىمانلىق روھى جوڭگو خەلق پىدائىي قىسمى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەقدىرلىنىدۇ . ئىش ئىزلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى چاۋشيەن ۋە جوڭگو گېزىت - ژورناللىرىدا ئېلان قىلىنىپ ، كۆپچىلىكنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدۇ . كەنجىيوف ئىسمايىلنىڭ شانلىق نامى چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالىدۇ .

« ياردەم مەكتىپى » ئۆز تارىخىدا بىز سۆيۈنگەندەك شانلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن . 1941 - ، 1942 - يىللىرى « ياردەم مەكتىپى » خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن تولۇقسىز ئىككى سىنىپلىق بىر شۆبە مەكتەپ ئاچتى . بۇ مەكتەپ 1953 - ، 1954 - يىللىرىغا بارغاندا تەرەققىي قىلىپ ، 7 سىنىپ ، 12 شتات ، 250 ئوقۇغۇچىسى بار بىر مۇستەقىل مەكتەپ بولۇپ ئايرىلدى . ھازىر « غۇلجا شەھەرلىك 13 - باشلانغۇچ مەكتەپ » دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ .

ياردەم مەكتىپى تولۇقسىز باشلانغۇچ سىنىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەكتەپ بولۇپ ، 1956 - يىلىدىن باشلاپ ، « غۇلجا شەھەرلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپ » دەپ ئاتالغاندىن كېيىن ، ياردەم مەكتىپى « غۇلجا شەھەرلىك 22 - باشلانغۇچ مەكتەپ » دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى . 1970 - يىللىرى جىرغىلاڭغا بىر سىنىپلىق شۆبە مەكتەپ ، ئاچالغا ئىككى سىنىپلىق شۆبە مەكتەپ ئېچىلدى . بۇ شۆبە مەكتەپ 1988- يىلغا كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ ، 11 سىنىپ ، 16 شتات ، 300 ئوقۇغۇچىسى بار مۇستەقىل مەكتەپ بولۇپ ئايرىلدى . مەكتەپ ئەينى چاغدا « جىرغىلاڭ

مەكتىپى دەپ ئاتالغان بولسا ، ھازىر « غۇلجا شەھەرلىك 29 – باشلانغۇچ مەكتەپ » دەپ ئاتالماقتا . ياردەم مەكتىپى 1964 – يىلغا كەلگەندە يېرىم كۈن ئوقۇپ ، يېرىم كۈن ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرغاندى . بۇ مەكتەپ 1965 – يىلى جىرغىلاڭغا كۆچۈرۈلدى . ئۇزاق ئۆتمەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى .

1979 – يىلى ياردەم مەكتىپى 8 سىنىپ ، 20 شتات ، 220 ئوقۇغۇچىسى بىلەن يەنە بىر شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئايرىپ چىقتى . بۇ مەكتەپ ھازىر « غۇلجا شەھەرلىك 14 – ئوتتۇرا مەكتەپ » دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئاۋۇت ساۋۇت ئىدى . ھازىر بۇ مەكتەپ يەر كۆلىمى 30 موغا يەتكەن 68 شتات ، 18 سىنىپ ، 800 گە يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2600 كۋادرات مېتىر ، 37 ئېغىزلىق بۆلۈم ، ئىشخانا ، سىنىپ ، قىرائەتخانا ، كۈتۈپخانا ، تەجرىبىخانا ، يىغىن زالى قاتارلىقلار يۈرۈشلەشكەن مۇنتىزىم ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلاندى . مەكتەپ قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كۆلىمى ھازىر 22 يېرىم موغا كېڭەيگەن بولۇپ ، 2 قەۋەتلىك ۋە يەنە بىر ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىغا ئىگە 46 ئېغىزلىق بۆلۈم ، ئىشخانا ، 26 سىنىپ ، 60 شتات ، 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايلاندى .

« ياردەم مەكتىپى » بەرپا قىلىنغان ئەينى يىللاردا مەكتەپ سالغىدەك مۇۋاپىق ئورۇن چىقمىغانلىقتىن ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئارىسىدا مەكتەپ ئورنى مەسىلىسىنى قانداق ھال قىلىش توغرىلىق كەسكىن تالاش تارتىش كېلىپ چىققاندى . كۆك مەسچىت ئىمامى ھېلىم ھاجىم ، ياردەم شىركىتىنىڭ ئەزاسى ئېلاجىم قاتارلىق كىشىلەر جامائەتكە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاران دېگەندە 5 مو ئەتراپىدا يەر ھەل قىلىپ ، ياردەم مەكتىپىنى بىنا قىلغاندى . ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ھازىرقىغا مۇتلەق سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ . چۈنكى زامان تەرەققىي قىلدى ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ . بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ ۋە ياردەم شىركىتىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى داۋاملىق ياد ئېتىپ تۇرۇش ، ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش مەقسىتىدە بۇ مەكتەپنىڭ رەقەم تەرتىپىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە ئەڭ ياخشىسى « ياردەم مەكتىپى » دېگەن خاسىيەتلىك نامنى تەڭ قوللانساق تولىمۇ مۇۋاپىق بولار ئىدى .

قارادۆڭ « ياردەم مەكتىپى » 1936 – يىلدىن ھازىرغىچىلىك قانچە مىڭلىغان بالىلارنى بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈردى . ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇپ ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسى ئۈچۈن ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى . مۇشۇ مەكتەپتىن چىقىپ



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----- ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ھازىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقانلاردىن رۇستەم ، ماھنۇر قاسىم ، غوجخان ھاكىموف ، ئابلىزخان ، ھۆسەنجان جامى ، ئابلەت روزى ، ئىمام سېيت قاتارلىق 30 نەچچە كىشى بار ، غۇلجا شەھىرى ، غۇلجا ناھىيىسى ، نىلقا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقانلىرى تېخىمۇ كۆپ . شەھىرىمىزدىكى سادىق ئارۇپ ، بۇرھانىدىن ، غوجباۋۇدۇن ، زاھىت موللاخۇن ۋە مەنىمۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ھەم ئىشلىگەنلەرمىز .

4 . شەرق مەھەللىگە – شەرق مەكتەپنى ( ھازىرقى شەھەرلىك 11 – باشلانغۇچ مەكتەپ ) نى ياسىغان . 1920- يىللاردىن ئىلگىرى بۇ يەر كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىق بولۇپ ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر ، ئۆزبەك ، تاتار مىللەتلىرى بۇ يەرگە ماكانلىشىپ ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇن كوچا ئېلىپ ، كۆجۈم مەھەللە بەرپا قىلغاندىن كېيىن بۇ مەھەللە « شەرق مەھەللە » دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى .

سېتىۋالدى باي ۋاڭ قادىر بېگنىڭ شىمالىدىكى 1- ، 2 – كوچا مەركىزىدىن بىر پارچە زىمىن سېتىۋالغان بولۇپ ، شەخسى قورۇ جاي سېلىشنى پىلانلىغاندى . ( ئۆزى بولسا ۋاقتىنچە نەمۇنە مەكتەپ يېنىدىكى كوچىدىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى . ) ئۇ يېگىدىن ئاۋات بولۇۋاتقان « شەرق مەھەللە » گە بىر مەكتەپ سېلىش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە بۇ ئويىنى شىركەت ئەزالىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سالدى . ياردەم شىركىتى ئەزالىرى ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . سېتىۋالدى باي ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇ مەكتەپنى قۇرۇشنى قارار قىلدى . مەكتەپ سالغۇدەك بوش يەر بولمىغانلىقتىن سېتىۋالدى باي ئۆز جايلىق يېرىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن سەككىز يېرىم مو يەرنى ئاجرىتىپ بەردى . مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا شىركەت ئەزاسى توختى قارىمنى مەسئۇل قىلدى .

1935 – يىلى ياردەم شىركىتى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىپ ، 1936 – يىلى شەرق مەھەللىنىڭ ئىككىنچى يان كوچىسىغا كىرىپ ، غەربكە 100 مېترچە ئىچكىرلىگەندىن كېيىنكى ئورۇننىڭ جەنۇبىغا غەرپتىن شەرققە سوزۇلغان ئوتتۇرىسى زال ، ئىككى تەرىپىگە ئۆچتىن ئالتە سىنىپ جايلاشقان مەكتەپ بىناسى سالدى . بۇ بىنا ياردەم مەكتىپى ۋە نۇرىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . كېيىنچە شىركەت يەنە مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ شەرقىگە ئالدىنى غەربكە قارىتىپ ئىككى ئېغىزلىق ئىشخانە سېلىپ بەردى . دەرۋازىنىڭ شەرقىگە ئالدىنى غەرپكە قارىتىپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ ئىشچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى . بۇ مەكتەپ شەرق مەھەللىگە جايلاشقاچقا « شەرق مەكتەپ » دەپ ئاتالدى . مەكتەپنىڭ پۈتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى .

مۇراسىمغا كەڭ جامائەت ، نۇرغۇن ئاتا – ئانىلار ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ياردەم شىركەت مۇدىرى سېتىۋالدى باي باشچىلىقىدىكى باقى ھاجىم ، ئېلاجىم ، مىرزا ھېكىمباي ، مەھەممەتجان ، توختى قارىملارمۇ قاتناشتى . توختى قارىم بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى . بۇ مەكتەپتىمۇ خۇددى نۇربىيە ، ياردەم مەكتەپلىرىگە ئوخشاش پەننىي دەرسلەر ئاساس ، دىنىي دەرسلەر قوشۇمچە ئۆتۈلىدىغان بولدى . دەرس تەرتىپى يۇقۇرىقى مەكتەپلەردىكىگە ئوخشاش قىلىپ بېكىتىلدى . بۇ مەكتەپكە 1936 – يىلىدىن 1953 – يىلىغا قەدەر زىبا مۇدىر ، ئابلا زاكىرى ، سىراجىدىن ، ئۆمەرجان ، نۇرمۇھەممەت يۇسۇپ ، ئەلپىيە ( تاتار ) ، نۇرەخمەت ، روزى سابىت ، سابىت ئەپەندى ، مەريەم خانىم ، ياقۇپجان ، رىيھان قاتارلىق كىشىلەر مۇدىر ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى . خەمىت ئەپەندى ، پەرىخەتتە ، ۋەلى ئەپەندى ، شاكۇرە ، سىدىق ئەپەندى ، رۇشەن ئەپەندى ، خۇرشىدەم ، پاتىمە ، تۇرسۇن مۇھەممەت ، خېلىچەم شەمشىدىن ، ئابلىز مۇخلىس ، توختى غوجا ، ئۆمەرجان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەكتەپنىڭ تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى .

5 . ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ياتاق بىناسىنى ياساپ بەرگەن . ئىلى گىمنازىيىسى 1936 – يىللىرى جىددىي ياسىلىۋاتقان بولۇپ ، ھازىرقى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئۇدۇلىدىكى جەنۇبقا سوزۇلغان دوقمۇشتىن باغ تەرەپكە يۆزلەنگەن دەرۋازىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەكتەپ بىناسى پۈتۈپ قالغانىدى . ئەمما مەكتەپنىڭ ياتاق ، ئاشخانا بىنالىرىنى قول سېلىپ ئىشلەيدىغان ۋاقىتتا مەبلەغ يېتىشمەسلىكتىن قۇرۇلۇش توختاپ قالغانىدى . ئىلى گىمنازىيىسى رەھبەرلىكى ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبى بىلەن قۇرۇلۇش قىلالمىغانلىقىنى ياردەم شىركىتىگە مەلۇم قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ پىكىر بېرىشىگە ۋە يول كۆرسىتىشىگە مۇھتاج بولىدۇ . ياردەم شىركىتى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر قېتىملىق ئات سودىسى قىلىپ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن بولۇپ ، ئاتنىڭ پۇلىنى قانداق بۆلۈشۈش مەسىلىسىدە تازا بىر قاراغا كېلەلمەي تۇراتتى . سېتىۋالدىباي باشلىق شىركەت ئەزالىرى ئىلى گىمنازىيەسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ، پايدىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك گىمنازىيەگە بېرىشنى قارار قىلىدۇ . گىمنازىيە ھويلىسىغا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئوتتۇرىسى زاللىق ئىككى تەرىپىدە بۆلۈمچە ئۆيلىرى بار ئىككى قەۋەتلىك ياتاق بىناسى ياساپ بېرىدۇ . بۇ بىنا ئىشلىتىشكە ناھايىتى قولايلىق قىلىپ لاھىيىلىنىدۇ . بىنانىڭ شەرققە يۆزلەنگەن تەرىپىگە مەكتەپنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەيدانىغا چىققىلى بولىدىغان بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ . ئىككىنچى



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

قەۋەتتىكى شەرق تەرەپتىكى سەھنە سەيناسىغا چىققىلى بولىدىغان بىر ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ ، بۇ ئىشىكلەردىن شەرق تەرەپكە چىقسا پۈتۈن مەيداندىكى پائالىيەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . يىغىن ، سەنئەت ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەندە مۇشۇ سەينانى سەھنە قىلىپ تۇرۇپ ، بۇ پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغىلى بولاتتى . ئاستىنقى قەۋەتنىڭ غەربكە يۈزلەنگەن قىسمىغىمۇ بىر ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ ، غەرب تەرەپتىكى مەيدان ، ئاشخانا ، تاماقخانا ، ياتاق ، دەرسخانىغىمۇ بىمالال چىققىلى بولاتتى . دېمەك ياردەم شىركىتى ئىلى گىمنازىيەسىنىڭ بۇ بىناسىنى ئۆز ۋاقتىدا ، سۈپەتلىك قىلىپ سېلىپ بېرىپ ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان . بۇ قۇرۇلۇشنى ياساپ پۈتتۈرگىچە مىرزا ھېكىمباي ، توختى قارىم ، مۇھەممەتجانلار نۆۋەتلىشىپ يېتەكچىلىك ، نازارەتچىلىك قىلغان . سېتىۋالدى باي ئۆزى باشلامچى بولغان . ئۇ ھەمىشە قۇرۇلۇش ئورنىغا كېلىپ ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى ۋە پۇختىلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى .

6 . دارىلئاجىزىن ( قېرىلارنى كۈتۈش ئورنى ) — ياردەم شىركىتى ، خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرىنىڭ شەرقى تەرىپىگە خۇددى « ياردەم مەكتەپ » بىناسىغا ئوخشاش شەكىلدە بىر بىنا سېلىپ دارىلئاجىزىن قۇردى . ئۇلار بۇ يەرگە ئىلى ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى قېرى ، ئاجىز ، مېيىپ كىشىلەر ۋە باشپاناھسىز قالغانلارنى يىغىپ ، ئۇلارنىڭ تاماق ، ياتاق ، كىيىم — كېچەك ، داۋالىنىش ، يۇيۇنۇش ، ئىسسىنىش ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى . شۇنداقلا دارىلئاجىزىننى باشقۇرۇشنى يىلسېرى كۈچەيتىپ باردى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىلى تەۋەسىدە بۇنداق ئورۇن مەۋجۇت بولمىغانىدى ، ھازىرقى ھۆكۈمەت باشقۇرغان ساناتورىيە ئەنە شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلغان ۋە كېيىن ئورنى يۆتكەلگەندى .

7 . دارىلئىتام ( بالىلار پاراۋانلىق ئورنى ) — شىركەت ھازىرقى سۇ دەرۋازا دوختۇرخانىنىڭ ئورنىدا خۇددى يۇقۇرقىدەك بىر بىنانى ياساپ ، ئۇنى بالىلار پاراۋانلىق ئورنى قىلغانىدى . بۇ يەرگە ئۇلار ئاتا — ئانىسىز قالغان يېتىم — يېسىر بالىلارنى يىغىپ ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن تەمىناتى ۋە ئوقۇش قوراللىرىنى شىركەت ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئاساستا ، ئۇلارغا بىلىم ئىگىلەش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەرگەندى . كېيىنچە شىركەت باشقۇرۇش ۋە چىقىمنى ئىخچاملاشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇ ئورۇننى دارىلئاجىزىن يېنىغا يۆتكەپ بېرىپ بىرلىكتە باشقۇردى . ئەنە شۇ ئورۇندا تەربىيىلىنىپ ، كېيىنكى كۈنلەردە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقانلاردىن ئاۋۇت سابىت ، مېھمان سابىت ، باراتجان قاتارلىق كىشىلەر بار .

8 . جىرغىلاڭ كۆۋرۈكى — بۇرۇن جىرغىلاڭ سۈيىدە كۆۋرۈك يوق ئىدى . سۇنىڭ ئىككى تەرىپى



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئىگىز تىك يارلىق بولۇپ كۆنەس ، تېكەس ، موڭغۇلكۈرە ، توققۇزتارا ، ئارائۆستەڭ ، بايتوقاي ، كان ، يالغۇز ئاياغ ۋە قەشقەرگە ماڭغۇچىلارمۇ مۇشۇ يول بىلەن مېڭىپ جىرغىلاڭ سۈيىنى كېچىپ ئۆتەتتى . قىش كۈنلىرى سۇنىڭ ئىككى قىرغىقى مۇز توڭلاپ ، گىرۋەك هاسىل قىلىپ ، ئادەم ، هارۋا ، ئات – ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشىغا ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى ، ياز كۈنلىرى كەلكۈن كېلىپ سۇ ئۇلغايغاندا ، سۇنى كېچىپ ئۆتمەكچى بولغانلارنىڭ مال – مۈلۈكلىرىنى ئېقتىپ كېتىش ھەتتا ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى . 1937 – يىلى ياردەم شىركىتى جىرغىلاڭ سۈيىگە ناھايىتى پۇختا بىر كۆۋرۈك ياساپ قاتناشنى راۋانلاشتۇردى . بۇ كۆۋرۈك ئازاتلىقتىن كېيىن هازىرقى سىمونت كۆۋرۈك ياسالغىچە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى .

9 . قاينام كۆۋرۈكى – ئەينى ۋاقىتتا هازىرقى ئوبلاستلىق خەلق هۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئېقىپ كېلىپ ، ئوبلاستلىق پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى بىناسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئۆتۈپ ، شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك هۆكۈمەت ۋە ئەتراپتىكى ئاهالىلەرنىڭ قورۇلىرىغا سۇ كىرىدىغان يول ئۈستى كۆۋرۈكى بار ئىدى . يولنىڭ يۈزى چوڭقۇر ، ئېرىقنىڭ سۇ ئىزى ئادەم بويىدىن ئېگىز ئىدى . يولنى ئېگىز قىلغاندا ئوتتۇرىسى داۋان بولۇۋالاتتى ، ئېرىقنى پەسلەتسە سۇ ئۆتكۈزگىلى بولمايتتى . ياردەم شىركىتى يول يۈزىگە دەخلى قىلماسلىق ، ئېرىقنىڭ سۇ ئېقىش ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، كۆۋرۈكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن كەلگەن سۇنى يەر ئاستىغا چۈشۈرۈپ سۇ كۆۋرۈك جەنۇبىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۆرلەپ ئاقىدىغان بىر كۆۋرۈك ياسىغاندى . شۇڭا كىشىلەر بۇ كۆۋرۈكنى « قاينام كۆۋرۈك » دەپ ئاتىدى.

10 . ساي كۆۋرۈكى – 1936 – يىلى ئىلى گىمنازىيىسى سېلىندى ( هازىرقى 8 – ئوتتۇرا مەكتەپ ) سايىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن ئۇن زاۋۇتى ياسالدى . ئوتتۇرىدىكى سايلىقنىڭ كۆۋرۈكى يوق بولۇپ ، پىلچى خاڭ سۈيى مۇشۇ سايلىقتىن ئېقىپ ئۆتۈپ دەرياغا قۇيۇلاتتى . بۇ يەرگە بىر كۆۋرۈك ياساش لازىم بولۇپ قالغاندى . ياردەم شىركىتى بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، سايىنىڭ ئىككى تەرىپىنى قىسىپ قۇرۇپ كېلىپ ، چوڭ ، پۇختا كۆۋرۈك ياساپ چىقىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇردى . كۆۋرۈككە « ساي كۆۋرۈكى » دەپ نام بېرىلدى .

11 . كۆك كۆۋرۈك – بۇرۇن غۇلجىدىن سۈيدۈڭ ، كۈرەگە بېرىپ كېلىدىغانلار ، كۈرە دەرۋازا ، دۆڭمەھەللە ۋە هازىرقى يېڭىيەر يېزىسىنىڭ ئالمۇتىيار كەنتى ئارقىلىق ماڭاتتى . كېيىن ئىلى ، ئۈرۈمچى تاش يولى ياسىلىپ قاتناش يولى ئۆزگەردى . غۇلجىدىن ماشىنا بىلەن چىققان يولۇچىلار ئۈچ دەرۋازا ئارقىلىق ماڭىدىغان بولدى . شەھەر بىلەن ئۈچ دەرۋازا ئارىلىقىدىكى

سايلىق بىر كۆۋرۈك سېلىشنى تەلەپ قىلاتتى . شىركەت تەرىپىدىن بۇ سايلىققىمۇ چوڭ ھەم پۇختا بىر كۆۋرۈك ياسالدى ۋە كۆك سىر بىلەن سىرلىنىپ شەھەرگە گۈزەل ھۆسۈن قوشتى . كىشلەر بۇ كۆۋرۈكنى « كۆك كۆۋرۈك » دەپ ئاتايدىغان بولدى .

12 . باياندااي كۆۋرۈكى – ئىلى ئۈرۈمچى تاش يولى باياندااينى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن باياندااي كۆۋرۈكىنى ياساش ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى . شۇڭا شىركەت باياندااي سېيىنىڭ ئىككى تەرىپىنى پۇختا تىزگىنلەپ تۈرغىدەك ھەم قاتناشنى بىخەتەر ، راۋان قىلغۇدەك بىر كۆۋرۈك سېلىشنى پىلانلىدى ھەم بۇ ئىشقا تېز تۇتۇش قىلىپ تەلەپكە لايىق بىر كۆۋرۈك ياساپ چىقتى . بۇ كۆۋرۈك ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1990 – يىللارغىچە ئىشلىتىلدى . 1990 – يىلى كۆۋرۈك ئورنىغا يېڭىدىن بىر كۆۋرۈك ياسالدى .

13 . كۈرە كۆۋرۈكى - ئىلگىرى غۇلجا بىلەن كۈرەنىڭ قاتناش ئىشلىرى تازا راۋان بولالمىغانىدى ، چۈنكى كۈرەنىڭ شەرقىي تەرىپىدە چوڭقۇر بىر يارلىق بولۇپ ، يار ئاستى سېغىزلىق ھەم زەي بولغانلىقتىن كۆۋرۈك توختىتىش قىيىن بولغانىدى . بۇ جايغا ئۇزۇن ۋاقىت كۈچ بېرەلىگۈدەك پۇختا بىر كۆۋرۈك ياساش ئۈچۈن شىركەت مالىيىسىدىن نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىلدى ۋە يىراقتىن يېتەرلىك تاش توشۇپ كېلىپ يارلىقنىڭ ئاستىدىن تارتىپ تاش بىلەن كۆتۈرۈپ ناھايىتى ئېگىز ، كۆركەم ، پۇختا كۆۋرۈك ياسالدى . كۆۋرۈك پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ لېنتا كېسىلدى .

14 . پەن زاۋۇت قۇرۇلۇشى - ياردەم شىركىتى 1937 – يىلى تاشكۆۋرۈكنىڭ دەريا بويىغا توك ھەرە بىلەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەيدىغان پەن زاۋۇتى قۇردى . ئىلگىرى ئىلى رايونىدا توك بىلەن پەن تىلىدىغان بىرمۇ زاۋۇت بولمىغان ئەھۋالدا قۇرۇلغان بۇ زاۋۇت ، شۇندىن باشلاپ نۇرغۇن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ھەم تېز ھەم سۈپەتلىك ئىشلەپ ، ئېھتىياجنى قامدايدىغان مۇھىم زاۋۇت بولۇپ قالدى . ئازادلىقتىن كېيىن ھەتتا يېقىنغىچە دېۋېزىيە ئورۇنلىرى بۇ زاۋۇتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلدى .

15 . تەلكە ساي ئېچىگە ئىككى كۆۋرۈك ياسىغان . ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان يولۇچىلار ئەينى ۋاقىتتا تەلكە سۈيىنىڭ غەربىنى بويلاپ يۇقۇرىغا ئۆرلەيتتى . بىر بۆلەك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ، سۇنىڭ شەرقىگە ئۆتۈپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . كۆۋرۈك بولمىغانلىقتىن ، بۇرۇن بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار كۆپىنچە سۇ كېچىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى . سۇ ئۇلۇغ ۋاقىتلاردا نەرسە كېرەكلەرنى ئېقىتىپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلاتتى . كەلكۈن ، سەل كەلگەندە بولسا يولۇچىلار تېخىمۇ زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلاتتى . ئىلى ئۈرۈمچى تاش يولى ياسىلىۋاتقاندا



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ يول بۆلىكىگە چوقۇم مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندى . بۇ يەردىن يەنە يۇقۇرىغا ئۆرلەپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، يەنە تەلكە سۈيىنىڭ شەرقىدىن غەربكە ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى . بۇ يەرگىمۇ مەزمۇت بىر كۆۋرۈك سېلىش زۆرۈر ئىدى . ياردەم شىركىتىدىكىلەر بۇ ئىككى ئورۇنغا كۆۋرۈك سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى . سېتىۋالدى باي ئىلى ئۆرۈمچى ياش يولى قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ۋە بۇ تاشيولدا يولۇچىلارنىڭ خاتىرجەم سەپەر قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قول ئاستىدىلەرگە بۇ ئىككى كۆۋرۈكنى جىددىي تۈتۈش قىلىپ پۈتتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى . 1937 – يىلىغا كەلگەندە ، بۇ كۆۋرۈكلەر پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى . بۇ ئىككى كۆۋرۈك ئېقىن سۈيىدىن ئالاھىدە ئېگىزلىتىلىپ سېلىنغان بولۇپ ، تاش يول قۇرۇلۇشىنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇن قىلىپ لاھىيلەنگەن ئىدى .

16 . جىك ناھىيىسى تەۋەسىگە بىر كۆۋرۈك سېلىپ بەردى .ئىلگىرى بورتالا ، ئارشاڭ ، جىڭ ناھىيىلىرى ئىلى ۋىلايىتىگە قارايتتى . ئىلى ئۈرۈمچى تاش يولىنىڭ جىڭ ناھىيىسى بۆلىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ ، بۇ قۇرۇلۇشقا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى يېتەكچىلىك قىلاتتى . ئەينى ۋاقىتتىكى جىڭ ناھىيىسىنىڭ نوپۇس سانى ئاز ، ئىقتىسادى كۈچى ھالسىز بولغانلىقتىن ، بۇ يەردىكى يول قۇرۇلۇشى ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلگەندى . 1938 – يىلى ياردەم شىركىتى جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىگە سېلىنىدىغان چوڭ بىر كۆۋرۈكنى سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، شۇ يىلى پۈتتۈردى .

17 . سۇ دەرۋازا دوختۇرخانىسىنى ياسىغان . ئازادلىقتىن بۇرۇنقى غۇلجىدا غەربچە داۋالاش ئورۇنلىرى بىر قانچە ئورۇندىلا بار ئىدى . توپىدەڭگە چىقىدىغان يەردىكى تۆپىلىكنىڭ قېشىدا « پەرەڭ دوختۇرخانىسى » نامىدا ئاتىلىدىغان بىر كىچىك دوختۇرخانا بار بولۇپ ، يەرلىك ئورۇنلار باشقۇرىدىغان غەربچە دوختۇرخانا يوق ئىدى . شۇڭا غۇلجا شەھرىدە مۇنتىزىم غەربچە داۋالاش دوختۇرخانىسى سېلىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغاندى . 1940 – يىلىغا ئاز قالغاندا ، ياردەم شىركىتى غۇلجا شەھەر خەلقىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن غەربچە داۋالاش دوختۇرخانىسىدىن بىرنى سېلىشنى قارار قىلدى . شىركەت ئاۋال سۇ دەرۋازىدىكى ھازىرقى مال دوختۇرخانىغا ماڭىدىغان كوچىغا غەرپتىن شەرققە قارىتىپ شەكلى ياردەم مەكتەپ ئۇسلۇبىغا ماسلاشقان ئوتتۇرىسى چوڭ زاللىق ، زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەش ئېغىزلىقتىن 10 ئېغىزلىق خانىسى بار ئامبالاتورىيە بىناسى سالدى . شەرقىي جەنۇبتىن شىمالىي تەرەپكە



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

( بەيتۇللا مەدرىس تەرەپكە ) يەنە شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ، ئوتتۇرىسى زاللىق زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە توققۇز ئېغىزلىقتىن جەمئىي 18 ئېغىزلىق كېسەلخانىسى بار بالنىست ياساپ بەردى . كېسەلخانىلارنىڭ بەزىلىرىگە ئالتىدىن كارۋات ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بىمارلار يىراق يېزا قىشلاقلاردىن كېلىپ بالنىستتا يېتىپ داۋالىنالايدىغان خېلى مۇنتىزىملاشقان غەربچە داۋالاش دوختۇرخانىسى بەرپا قىلدى . بۇنىڭدىن باشقا يەنە دورا ساقلاش ئىسكىلاتى ، دورىخانا ، يىراق يېقىندىكى كېسەللەرنى توشۇيدىغان هارۋا ئاتلىرىغا بېرىلىدىغان يەم خەشەكلەرنى قويىدىغان لاپاسلارنى سالغۇزدى . بۇ دوختۇرخانا كېيىنچە قايتا - قايتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق هازىرقى ئىلى ئوبلاستلىق شىنخۇا دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسي بولۇپ قالدى .

سېتىۋالدى باي قۇرغان « ياردەم شىركىتى » ئەينى ۋاقىتتا ئىلى خەلقىگە يۇقۇرقىدەك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەندىن سىرت يەنە نۇرغۇن كىچىك ئىشلارنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەندى . ئۆزبېك مەسچىتى ئالدىدىكى كۆۋرۈك ۋە تۆت كۆۋرۈك قاتارلىقلارمۇ شىركەت تەرىپىدىن ياسالغاندى .

سېتىۋالدى باي ياردەم شىركىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تاكى 1942 - يىلىغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇردى . 1942 - يىلى شىركەت تارقىلىپ ، پائالىيەتلىرىمۇ توختىدى . سېتىۋالدى باي شىركەت ئۆز ئىشلىرىنى يۈرگۈزىۋاتقاندا بولسۇن ياكى ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلغاندا بولسۇن ، ئۆزىگە شەخسى قورۇ جاي قىلىشنى ئويلىماي ئۇزۇن يىل باشقىلارنىڭ قورۇ - جايىدا ئولتۇرغان ، تاپاۋىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئاتىغاندى . ئۇ 1942 - يىلدىن كېينلا شەرق مەهەللىسىگە ماڭىدىغان باغنىڭ شىمالىي كوچا دوقمۇشىغا قورۇ - جاي ياساپ ئولتۇرغان ، لېكىن ئۇ بۇ قورۇدا پەقەت ئىككى يىللا ئولتۇرۇپ 1944 - يىلى 4 - ئايدا ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندى . سېتىۋالدى باي ۋە « ياردەم شىركىتى » نىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئاجايىپ ساخاۋىتى ئارقىلىق تىكلىگەن يارقىن ئوبرازى ، هازىرغىچە ئىلى خەلقىنىڭ قەلبىدە روشەن چاقناپ كەلمەكتە .

ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى 10 - سان

تۈگىدى

ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى توردىكى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىققۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بۇلىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول !!!
ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!
ئەگەر ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بۇلىدۇ . ئېلكتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!
ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بۇلىدۇ .

2008 -يىلى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com